شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2020 - يىل 7 - ئاي
14
سەيشەنبە
维吾尔文 7 月14日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25122 - سان بۈگۈن 4 بەت

تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش

«جۇڭگو تۈزۈمگە يۈزتۇرا نەزەر» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا ئائىت تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسى 2020 - يىللىق ئاممىباب نەزەرىيە ئوقۇشلۇقى «جۇڭگو تۈزۈمگە يۈزتۇرا نەزەر»نى تەشكىللەپ يازدى. نۆۋەتتە بۇ كىتاب ئۆگىنىش نەشرىياتى، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلىشىپ نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاب «نەزەرىيە قىزىق نۇقتىلىرىغا يۈزتۇرا نەزەر» يۈرۈشلۈكىدىكى ئەڭ يېڭى ئوقۇشلۇق بولۇپ، ئىزچىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبقا ئەمەل قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتتە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

تيانشان رايونىنىڭ سەنشەن مەھەللىسى ۋە گۇيۈەنشياڭ مەھەللىسىدە، چېن چۈەنگو بىر بېكەت شەكلىدىكى مۇلازىمەت زالى، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى، شياۋشياۋ ئۆسمۈرلەر سارىيىغا كىرىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە مەھەللىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، مەھەللىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى كەلگۈسى پىلان ۋە ئاساسىنى پۇختىلاش تەدبىرى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەھەللە ئىدارە قىلىشنى قانۇنچىلاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسى ۋە تەشكىللىلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو TS226 خەلققە قولاي ساقچى پونكىتىغا كىرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچى خادىملارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ساقچى پونكىتىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: خەلققە قولاي ساقچى پونكىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم ۋاستە، ئاممىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىڭ كۆزلەپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، خەلقنى كۆزلەش تەدبىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش سارىيىدا، چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يىرىك پىلان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، شەھەر لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىقتىدارى، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، رايون خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەھەر «گېن»نى ساقلاپ قېلىپ، شەھەرنى ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت - ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو تيانشان رايونى گۇيۈەنشياڭ مەھەللىسىدىكى شياۋشياۋ ئۆسمۈرلەر سارىيىغا كېلىپ، مەھەللىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

لوپ ناھىيەسى يۇقىرى ئورۇندىن قەدەم ئېلىپ باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزدى

يالغان چاچ كەسپى «سۈرئەتنى تېزلىتىپ» ئىلگىرىلىمەكتە

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىر گۆھەر

24 ياشلىق يىگىت ئابباس مەمەتيۈسۈپ مەشىق قىلىش مودېلىغا چاچ تىكىش دائىرىسىنى سىزغاندىن كېيىن، ئىلمەك يىڭنە بىلەن چاچ تىكىشكە تەييارلاندى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، ئابلىپىز ئابدۇمجىت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە فاتىياۋ ياساۋاتاتتى، زاۋۇتقا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ مەشغۇلاتقا بارغانسىرى پىشقانىدى... 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مۇخبىرلار لوپ ناھىيەسىدىكى بېيجىڭنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش كەسپلەر باغچە رايونىنىڭ چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچىسىغا بارغاندا، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا بۇ يەردىكى جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

لوپ ناھىيەسى ئەمگەك كۈچلىرى جۇغلاشقان كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر قىلىپ، يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ قەدەم ئېلىپ باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ، چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچە رايونى قۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ «سۈرئىتىنى تېزلىتىپ» ئىلگىرىلىدى.

يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى 32 كارخانىنى كىرىپ ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، لوپ ناھىيەسىدىكى چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچىسىدا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

قەتئىي ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

— ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنىدا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىلدى، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاندى، يول خەرىتىسى تۈزۈلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، قەتئىي ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

قەتئىي ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى نەتىجە - ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرىمىز

— ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ يېغىلىش سىگنالىنى ياڭراتتى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: چوقۇم پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي كۈچ سەرپ قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قالتىس شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشىمىز.

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرىمىز

«نەق مەيدان يىغىنى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ‹رول›نى توغرا ئىگىلەپ، ‹ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى› قوشتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ھالقلىق تۇرمۇشمىزغا ئاتلىنايلى

ئالتاي ۋىلايىتى جۇڭخې دورا ئۆسۈملۈكلىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى

بېيىش «رېتسېپ»ى نامراتلىق يىلتىزىنى يوقاتتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنايلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز گې يوۋجۈن، جاۋ چۈنخۇا

«بىز كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى «رېتسېپ»نى تاپتۇق، ئۇ بولسىمۇ جۇڭخې دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش!» 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، 43 ياشلىق نۇرىبەك كاكېن خۇشال ھالدا مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئائىلىمىزنىڭ بۇ يىرىگە كەتراۋ تېرىدۇق، كىرىمىمىز ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى».

نۇرىبەك تۇرۇشلۇق قابا ناھىيەسىنىڭ سارتام يېزىسى كۈرمىش كەنتىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 101 نامرات ئائىلە بار. سارتام يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شېن دېلى مۇنداق تونۇشتۇردى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2019 - يىلى شىنجاڭ خۇيچېڭ جۇڭخې دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ خۇيچېڭ دورىگەرلىكى دېيىلىدۇ)نى كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنى 3770 مو يەرگە كەتراۋ، چۈچۈكبۇيا ۋە ئۇسما تېرىشقا تەشكىللىدۇق.

بۇلتۇر خۇيچېڭ دورىگەرلىكى ھەقسىز مايسا ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن تەمىنلىدى، نۇرىبەك 35 مو يەرگە كەتراۋنى سىناق قىلىپ تېرىدى. «راستىنى ئېيتسام، كۆڭلۈمدە سان يوق ئىدى، تېرىسام قانداق بولىدىغىنىنى بىلمەيتتىم» دېدى نۇرىبەك. ھوسۇل ئېلىش پەسلىگە كەلگەندە، كەتراۋدىن قىلىنغان مو بېشى ساپ كىرىم 1000 يۈەندىن ئاشتى، بۇ، نۇرىبەكنى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم خۇشال قىلدى. بۇ يىل ئۇ ئائىلىسىنىڭ 50 مو يېرىنى جۇڭخې دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئالتاي تېغى جۇڭخې ئۆسۈملۈك دورىلىرى مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا. ☐ مېڭ جاۋپېڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 95 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 95 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا خەلقئارا يول يۈك تىرانسپورتىدا پىرنسىپ ئالماشتۇرۇپ توشۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئايرودرۇملارنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلان زاپاس قونۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلقئارا يول يۈك تىرانسپورتىدا پىرنسىپ ئالماشتۇرۇپ توشۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايوندا قاتناش كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھۆكۈمەت يېتەكلەش، كارخانا يېتەكچىلىك قىلىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت ۋە مەبلەغ نۇقتىسىدىن خەلقئارا يول

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى سىن يىغىن ئاچتى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قايتۇرغان مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ياشلارنى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ئاساسىي قاتلامغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا سەپەرۋەر قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى سىن يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگۈچى ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرغان مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرمىللەت ياشلار، بولۇپمۇ كەڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)